# 34516 - ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى تۇرۇپ سەدىقە پىتىر بەرمىگەن كىشىلەرنىڭ ھۆكمى

## سۇئال

ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى تۇرۇپ سەدىقە پىتىر بەرمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.
ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى تۇرۇپ سەدىقە پىتىر بەرمىگەن كىشىلەر خاتا ئىش قىلىش بىلەن ئاللاھقا گۇناھكار بولىدى، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، سەدىقە پىتىرنى بەرمىگەنلىكىگە كەچۈرۈم تەلەپ قىلىپ دەرھال كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. ئۇ يوقسۇللارنىڭ ھەققىدۇر. روزا ھېيت نامىزىدىن كېيىن بېرىلگىنى سەدىقىلەردىن بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.
ئاللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.